# 12597 ـ روزا تۇتقۇچىنىڭ بەلغەم ۋە تۈپرۈكلىرىنى يۇتىۋېتىشى توغرىسىدا

## سۇئال

رامىزاندا تۈكۈركىنى يۇتۇۋەتسە روزىسى بۇزۇلامدۇ ياكى بۇزۇلمامدۇ؟ ماڭا رامىزاندا بولۇپمۇ مەسچىتتە قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا تۈكۈرۈك كۆپ كېلىدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزىدارنىڭ تۈپرۈكنى يۇتىۋېتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ، تۈپرۈك كۆپ بولسىمۇ، مەسچىتتە ياكى باشقا جايدا بولسىمۇ ئوخشاش، لېكىن خەپرۈك بەلغەمدەك قاتتىق بولسا يۇتىۋەتمەي، مەسچىتتە بولۇپ قالسا، تازىلىق قەغىزى ياكى قول ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرگە تۈكۈرۈۋەتسۇن.

ئاللاھ ھەممەيلەننى ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن. سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالىرى 10-توم 270-بەت.

بەلغەمنى قەستەن يۇتۇۋەتسە دۇرۇس بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: روزا تۇتقان ياكى روزا تۇتمىغان كىشىنىڭ بەلغەمنى يۇتىۋېتىشى چەكلىنىدۇ، چۈنكى بەلغەم پاكىزە ئەمەس، بەزى ۋاقىتتا بەدەندىن سىرىتقا چىقىدىغان كېسەللىكنى ئېلىپ چىقىدۇ.

لېكىن بەلغەمنى يۇتۇۋەتسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئېغىزدىن چىقمىغان، ئۇنى يۇتۇۋېتىش يېمەك-ئىچمەك قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ، گەرچە بەلغەم ئېغىزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغاندا يۇتىۋەتسىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزى تۈگىدى. ["شەرھۇل مۇمتىئ"6-توم 428-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.